# يۇرتداشلارنى باشلاپ بېيىش يولىغا مېڭىش

## ـــ خوشۇت ناھىيەسىنىڭ نەرىنكىر يېزىسى بۇمبۇت كەنتى ئاھالە كومىتېتىنىڭ مۇۋەققەت مۇدىرى پېلجى توغرىسىدا

**ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش**
يېنىمىزدىكى ئۈلگىلەر

□ مۇخبىرىمىز دۇ جيەنخۇي

«كەنت ئاھالىلىرىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشى ئاسان ئەمەس، قايتا نامراتلىشىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشمۇ ئاسان ئەمەس، بۇ، بىز ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى ئۈچۈن ئېيتقاندا بىر چوڭ خىرىس، لېكىن مېنىڭ خىزمەتنى ياخشى ئىشلەشكە ئىشەنچىم بار» دېدى خوشۇت ناھىيەسىنىڭ نەرىنكىر يېزىسى بۇمبۇت كەنتى كەنت ئاھالە كومىتېتىنىڭ مۇۋەققەت مۇدىرى پېلجى مۇخبىرغا.

پېلجىنىڭ ئىشەنچىسى پارتىيەنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش ياخشى سىياسىتىدىن كەلگەن، شۇنداقلا ئۇنىڭ مۇشۇ يىللاردىن بۇيان قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ ئىلگىرىلەپ، ھەققىي تۇتۇپ ئەمەلىي ئىشلەشتەك خىزمەت ئىستىلىدىن كەلگەن.

پېلجى ئىلگىرى بورت كەنتى كەنت ئاھالە كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئاياللار قۇرۇلتىيىنىڭ مۇدىرى بولغان. خوشۇت ناھىيەسى چارۋىچىلارنى كۆچۈرۈش قۇرۇلۇشىنى يولغا قويغاندىن كېيىن، پېلجى ھۆكۈمەتنىڭ چاقىرىقىغا پائال ئاۋاز قوشۇپ، باشلامچىلىق بىلەن ئۆيىدىكى قويلىرىنى سېتىۋېتىپ، تاغدىن چۈشۈپ ئۆلزەت كەنتى چارۋىچىلار ئولتۇراق نۇقتىسىغا كۆچۈپ كېلىپ، ئۇزاق ئۆتمەي ئۆلزەت كەنتى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىلىقىغا تەيىنلەندى.

كەنتتىكى نۇرغۇن ئايال كەشتىچىلىكنى بىلىدىغان بولۇپ، موڭغۇل مىللىتىنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرى، تام چاپلىقى، بۆكى قاتارلىقلارنى تىكەلەيتتى، لېكىن كۆپ قىسمىنى ئۆزلىرى ئىشلىتەتتى ياكى سوۋغا سۈپىتىدە بىر ـ بىرىگە ھەدىيە قىلىشاتتى. «قولدا ئىشلەنگەن خاسلىققا ئىگە بۇ نەرسىلەرنى سېتىپ پۇل قىلغان بولساق نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى ـ ھە!» پېلجى ئاچا ـ سىڭىللارنى قانداق يېتەكلەپ بىللە بېيىش توغرىسىدا ئويلاندى.

ئېرىنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشى ئاستىدا، پېلجى ئۆز خىراجىتى بىلەن ئۈرۈمچى، گۇيياڭ قاتارلىق جايلارغا بېرىپ، مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر قول ھۈنەر بۇيۇملىرى كۆرگەزمىسىنى ئېكسكۇرسىيە قىلىپ، كۆلەملەشتۈرۈپ باشقۇرۇش ۋە لايىھەلەشنى ئۆگەندى ھەمدە ئۆلزەت كەنتى موڭغۇل مىللىتى قول ھۈنەر كەشتىچىلىك جەمئىيىتىنى رويىخەتكە ئالدۇرۇپ قۇردى.

كەنتتىكى ئاياللار خۇش بولۇشتى، ئۇلار بىرنەچچە كۈندىلا موڭغۇل مىللىتىنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرى، كەشتە، كەشتىلەنگەن ئاياغ، سافا سېلىنچىسى، كەشتىلەنگەن خادا قاتارلىق 30 نەچچە خىل قول ھۈنەر بۇيۇملىرىنى تىكىپ، بىر ئېغىز ئۆينى تولدۇرۇۋەتتى. بۇ ئىش تارقالغاندىن كېيىن ناھىيە بازىرىدىكى بەزى ماگىزىن، مېھمانساراي ۋە قول ھۈنەر بۇيۇملىرى ھەۋەسكارلىرى ئۆزلۈكىدىن كېلىپ سېتىۋالدى.

ھازىرغا قەدەر، جەمئىيەتكە ئەزا بولغان ھەم مەنپەئەتلەنگەن چارۋىچى 80 نەچچە ئائىلىلىككە يەتتى، بەزى ئائىلىلەرنىڭ كەشتە بۇيۇملىرىنىڭ يىللىق سېتىلىش سوممىسى ئەڭ كۆپ بولغاندا 10 مىڭ يۈەندىن ئاشتى، ئەڭ ئازلىرىنىڭمۇ 4000 يۈەندىن 5000 يۈەنگىچە بولدى. 2016 ـ يىلى، خوشۇت ناھىيەسى مەدەنىيەت پائالىيىتى ئۆتكۈزمەكچى بولۇپ نۇرغۇن ساياھەت مەھسۇلاتلىرىغا ئېھتىياجلىق بولغاندا، پېلجى ئۆيمۇئۆي يۈرۈپ خەۋەر قىلىپ، كەنت ئاھالىلىرىنى تەشكىللەپ ئىككى ئايدىن كۆپرەك ۋاقىتتا 200دىن ئارتۇق ساياھەت خاتىرە بۇيۇمىنى لايىھەلەش، تىكىش ۋەزىپىسىنى سۈپەتكە، سانغا كاپالەتلىك قىلغان ھالدا تاماملاپ، بىر قېتىمدىلا 16 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق پۇل تاپتى.

پېلجى يەنە چارۋىچىلارنى يېتەكلەپ كۆپ خىل ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇردى، ئەتىيازدا لاپاس تېرىقچىلىقى قىلىپ، ھويلا ـ ئاران ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇردى؛ يازدا گازىر تاۋۇزى تېرىپ، ئارىسىغا چىلان كىرىشتۈرۈپ تىكىپ ئۆستۈردى؛ كۈزدە چارۋىچىلارنى تەشكىللەپ يېقىن جايدىكى فاڭشياڭ پەن ـ تېخنىكا شىركىتى، رۇيفېڭ قورۇقىغا بېرىپ ئۈزۈم، چىلان ئۈزۈپ، ئەمگەك ـ مۇلازىمەت ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇردى؛ قىشتا ئىسسىق قوتان سېلىپ، قوي ـ كالا بورداقچىلىقىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، كۆچۈپ كەلگەن چارۋىچىلارنى بىر يىلنىڭ تۆت پەسلىنىڭ ھەممىسىدىلا كىرىم قىلدۇردى. 2018 ـ يىلى، بۇ كەنتتىكىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 8800 يۈەندىن ئاشتى.

بۇ يىل 4 ـ ئايدا، پېلجى خوشۇت ناھىيەسىنىڭ نەرىنكىر يېزىسى بۇمبۇت كەنتى ئاھالە كومىتېتىنىڭ مۇۋەققەت مۇدىرلىقىغا سايلىنىپ، ئۆزى تۇغۇلغان جايغا يەنە قايتىپ كەلدى. تاغدىكى كونا كەنت ئاھالە كومىتېتىدا قالغان ئاھالىلەر ئىنتايىن ئاز بولۇپ، بەزى كەنت ئاھالىلىرى سىرتتا ئىشلەمچىلىك قىلىشقا، سودا قىلىشقا چىقىپ كەتكەن، بەزى ياشانغان كىشىلەر ناھىيە بازىرىدا تۇرۇپ باللىرىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىۋاتقان بولۇپ، ئۇلار تارقاق ئولتۇراقلاشقاچقا بولغاچقا، پېلجى ئىش بېجىرىش ئورنى بىلەن كونا كەنت ئاھالە كومىتېتى ئارىسىدا قاتنىدى.

5 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى، پېلجى كەنتتە تۇرۇشلۇق كادىرلار بىلەن كونا كەنت ئاھالە كومىتېتىغا بېرىپ كەنت ئاھالىسى يىدەنىڭ تۆگە يۇڭى قىرقىشىغا ياردەم بېرىۋاتقاندا، قوتاندىكى تۆگە ئۈركۈپ كېتىپ پېلجىگە سوقۇلۇپ يىقىتىۋەتتى، نەتىجىدە ئۇنىڭ پاقالچىقى سۇنۇپ كەتتى. «چىمۇدەنىڭ كىگىز ئۆيى تىكىلىپ بولدىمۇ؟ ئۇ ياشىنىپ قالدى، ئۆزى يېتىشەلمەيدۇ...» دوختۇرخانىدا ياتقان پېلجى يەنىلا كەنتتىكى نامرات ئائىلىلەرنى ئۇنتۇمىدى.

60 ياشلىق چىمۇدە كەنتتىكى نامرات ئاھالە، بۇ يىل كەنت تىكىلىپ بولۇنغان تۆت كىگىز ئۆينىڭ ھەربىرىنى يىلىغا 400 يۈەندىن ئۇنىڭغا ئىجارىگە بەردى، ئۇ جىنىستى مەنزىرە رايونىدا چارۋىچىلار ئارامگاھى ئېچىپ، قورۇتۇلغان گۆش، سۈت مەھسۇلاتلىرى قاتارلىق موڭغۇللارنىڭ خاس يېمەكلىكلىرىنى ساتتى. «5 ـ ئايدا تىجارەت باشلىغاندىن تارتىپ ھازىرغىچە، 8000 يۈەن تاپتىم، بۇنىڭغا ئوتلاق ياردەم تولۇقلىمىسى، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىدىن ئايرىلغان پايدا قاتارلىق كىرىمنى قوشقاندا، كۈنۈم بارغانسېرى ياخشىلىنىۋاتىدۇ! مۇدىر پېلجى خاتىرجەم بولۇڭ!» دېدى چىمۇدە.

2010 ـ يىلى، پېلجى شەرەپ بىلەن «مەملىكەت بويىچە شەھەر ـ يېزا ئاياللار ئىش ئورنىدا تۆھپە قوشقان ئىلغار شەخس» دېگەن نامغا ئېرىشتى. 2017 ـ يىلى 6 ـ ئايدا، پېلجى شەرەپ بىلەن پارتىيە 19 ـ قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى بولۇپ سايلاندى.

# باشقا جايغا كۆچۈرۈش گۈزەل تۇرمۇشنى «كۆچۈرۈپ» كەلدى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

بۇ يەر سانسىزلىغان كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتتى. كىشىلەر تەسەۋۋۇرىغا ئاساسەن بۇ يەرگە تۈرلۈك رومانتىك ھەم سىرلىق تۈس بەردى، بەزى كىشىلەر بۇ يەرگە «ئەڭ ئاخىرقى قۇملۇق قەبىلىسى» دەپ نام بەرسە، بەزى كىشىلەر «خىيالىي دۇنيا» دەپ قارىدى.

لېكىن بۇ يەردە ياشاۋاتقان كىشىلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا، يەنە قانداق بىر خىل ھاياتلىق كەچۈرمىشى بار؟

10 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى، مۇخبىرلار دەريا بويى يېزىسىنىڭ نامراتلارنى باشقا جايغا كۆچۈرۈپ يۆلەش ئورۇنلاشتۇرۇش نۇقتىسىدىن يولغا چىقىپ، قۇملۇقنىڭ ئىچكىرىسىگە يۈرۈپ كەتتى. دالا ئاپتوموبىلى دەريا يولى بىلەن قۇم بارخانلىرى ئارىسىدا ئايلىنىپ مېڭىپ، يۇقىرى ـ تۆۋەنگە سىلكىنىپ، بەش سائەتكە يېقىن ۋاقىت سەرپ قىلىپ ئىلگىرىكى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايغا يېتىپ باردى. يېزىلىق ھۆكۈمەت ئەتراپىدا ئىلگىرى تەخمىنەن ئون نەچچە ئائىلىلىك، ئاددىي دۇكان ۋە ئاشخانا بولۇپ، پۈتۈن يېزىدىكى ئەڭ «ئاۋات» جاي ھېسابلىناتتى.

ئەتراپنى ئايلانغاندا، ھەممە يەر قېلىن ئۇششاق قۇم ۋە سېرىق توپا بولۇپ، دەسسىگەن ھامان كۆتۈرۈلگەن توپىدىن ئاياغ يۈزى توپا بولۇپ كېتەتتى. كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدىغان ئۆيلەرنىڭ ھەممىسى يۇلغۇن ۋە قومۇشنى باغلاپ سېلىنغان بولۇپ، بەزى جايلىرىغا بىر قەۋەت نېپىز لاي سۇۋالغانىدى. بۇنداق «قوشاملىق ئۆي»نىڭ دېرىزىسى يوق بولۇپ، قۇياش نۇرى يوچۇقلاردىن چۈشۈپ تۇراتتى، قۇم ـ بورانمۇ تەبىئىيلا ئۇچۇپ كىرەتتى. كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئۆيلىرىدىكى كاڭ يەر يۈزى بىلەن تەڭ بولۇپ، ئوتتۇرىدا تۆت چاسا شەكىللىك ئوتدان بار ئىدى، ئوت يېقىپ ئىسسىنىشقا ھەم شۇ يەردىكىلەر دائىم يەيدىغان يېمەكلىك ــ «كۆمەچ» (ئاددىي ئاتىلىشى «قۇم قوتۇرماچ»)نى پىشۇرۇشقا ئىشلىتىلەتتى.

يېزىدىكى مەكتەپ كۆچۈرۈلۈپ قۇرۇقدىلىنىپ قالغانىدى. بۇ باشلانغۇچ مەكتەپ پەقەت 3 ـ يىللىققىچىلا بولۇپ، داۋاملىق ئۆرلەپ ئوقۇيدىغان باللار كېرىيە ناھىيە بازىرىغا بېرىپ مەكتەپتە قونۇپ ئوقۇشقا توغرا كېلەتتى، قىشلىق، يازلىق تەتىلدىلا ئۆيىگە قايتالايتتى.

بىر ئاھالىلەر تۇرالغۇسىدا، مۇخبىرلار بۇنىساخان مەتنىنى ئۇچراتتى. گەرچە يېڭى تۇرالغۇغا كۆچۈپ كىرگەن بولسىمۇ، ھازىر توشقانزەدىكى كولايدىغان پەسىل بولغاچقا، ئۇ ئېرى بىلەن ۋاقىتلىق قايتىپ كېلىپ بىرنەچچە كۈن تۇرغانىدى. ئۇ سۇنغان چاينى بىر ئوتلىغىنىمىزدا ئېغىزىمىزغا بىر خىل سۇس تۇزلۇق تەم تېتىدى ـــ بۇ يەردىكى سۇنىڭ فتور مىقدارى ئومۇميۈزلۈك ئۆلچەمدىن ئېشىپ كەتكەنىدى. بۇنىساخاننىڭ ئېيتىشىچە، بۇ خىل سۇنى يىل بويى ئىچكەچكە، شۇ جايدىكى 40 ياشتىن ئاشقان كىشىلەرنىڭ ئاساسىي جەھەتتىن بەل ـ پۇتلىرى ئاغرىيدىكەن، يول ماڭغاندا ئانچە تېز ماڭالمايدىكەن.

«ئازادلىقتىن بۇرۇن، مەن قوناق نېنىلا يەيتتىم، دۇنيادا ئاق ئۇن بارلىقىنىمۇ بىلمەيتتىم، توك چىراغىنى دېمەيلا قويايلى». يېزىدىكى ئەڭ ياشانغان، 99 ياشلىق مەتشا ئوسمان ئەسلەپ مۇنداق دېدى: «ئازادلىقتىن كېيىن، بىزنىڭ تەقدىرىمىزدە ناھايىتى زور ئۆزگىرىش بولدى. مەيلى قانچىلىك يىراق، قانچىلىك تارقاق جايدا تۇرايلى، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت بارلىق ئامال ـ چارىلەرنى قوللىنىپ بىزنى تېخىمۇ ياخشى تۇرمۇشقا ئېرىشتۈردى».

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيان، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇشىدا ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەر بولدى. 2002 ـ يىلى يورۇقلۇق فوتوۋولت توكىنىڭ ئىشلىتىلىشىگە ئەگىشىپ، دەريا بويى يېزىسى «شىنجاڭدىكى ئەڭ ئاخىرقى توكسىز يېزا» دېگەن قالپاقنى چۆرۈپ تاشلاپ، «ماي كۆيدۈرۈپ چىراغ ياقىدىغان» كۈنلەرگە خاتىمە بەردى. لېكىن قاتناش قولايسىز، تەبىئىي مۇھىت ناچار بولغاچقا، دەريا بويى يېزىسى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا يەنىلا كەسكىن خىرىسقا دۇچ كەلدى. 2018 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، پۈتۈن يېزىدىكى 363 ئائىلە، 1406 كىشى ئىچىدىكى ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئاھالىدىن 272 ئائىلە، 1034 كىشى يەنىلا نامراتلىقتىن قۇتۇلمىغانىدى.

«قۇملۇقنىڭ كىندىك رايونىدىن كۆچۈپ كەتمىسەك، دەريا بويى يېزىسىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتىكى بوغما ھالىتىنى بۇزۇپ تاشلىغىلى بولمايدۇ، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ چاڭ ـ توزان بىلەن بىللە تۇرۇش، تۇزلۇق سۇ ئىچىش ئەھۋالىنى ئۆزگەرتكىلى بولمايدۇ، گەرچە يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەكتىن غەم قىلمىسىمۇ، لېكىن مائارىپ، تۇرالغۇ، ئىچىدىغان سۇ، ئاساسىي داۋالىنىش مەسىلىسىنى تۈپتىن ھەل قىلىش تەس.» يېزىلىق پارتكومنىڭ شۇجىسى جيا سۈنپېڭ مۇنداق دېدى: دەريا بويى يېزىسى ئۈچۈن ئېيتقاندا، باشقا جايغا كۆچۈرۈش بىردىنبىر چىقىش يولى.

باشقا جايغا كۆچۈرۈشكە قارىتا، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئەڭ دەسلەپ ھەرقايسىسىنىڭ ئۆز ئالدىغا ئويى بار ئىدى: ياشلار سىرتقى دۇنياغا تەلپۈنەتتى، سىرتقا چىقىشنى ئارزۇ قىلاتتى؛ بۇ يەردە نەچچە ئون يىل ياشىغان ياشانغانلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇلار تاشقى دۇنياغا ماسلىشالماسلىقتىن ئەنسىرەپ، يۇرتتىن ئايرىلغۇسى كەلمەيتتى.

يەرلىكتىكىلەر دەريا بويى يېزىسىنى باشقا جايغا كۆچۈرۈشنى پۇختا قەدەم بىلەن ئالغا سىلجىتىپ، ئەمەلىيەت ئارقىلىق كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئەندىشىلىرىنى تۈگەتتى. ئالدى بىلەن 100دىن ئارتۇق ئائىلىلىك كەنت ئاھالىسى يېڭىباغ يېزىسى، جاي يېزىسى قاتارلىق جايلارغا كۆچۈرۈلدى، بۇلتۇر يەنە 102 ئائىلىلىك كەنت ئاھالىسى يېڭىدىن قۇرۇلغان نامراتلارنى باشقا جايغا كۆچۈرۈپ يۆلەش ـ ئورۇنلاشتۇرۇش نۇقتىسىغا كۆچۈپ كىردى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ قېتىمقى كۆچۈرۈشتە، دەريا بويى يېزىسى ئەڭ ئاخىرىدا ئومۇميۈزلۈك كۆچۈشنى تاماملىدى.

### ■ گۈزەل يۇرت ـ ماكانغا كۆچۈپ كىرىش

10 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى، دەريا بويى يېزىسىنىڭ نامراتلارنى باشقا جايغا كۆچۈرۈپ يۆلەش ـ ئورۇنلاشتۇرۇش نۇقتىسىدا، رەت ـ رەت ئىككى قەۋەتلىك كۆل رەڭ بىنالار ئىنتايىن چىرايلىق ئىدى، ئۆي جاھازلىرى بېسىلغان ماشىنىلارنىڭ بىنانىڭ ئالدىدا توختىغانلىقىنى پات ـ پات كۆرگىلى بولاتتى. كۆپ سانىدىكى كىشىلەر كۆچۈپ كەلگىلى تېخى ئۇزاق بولمىغاچقا ئۆيىنى يىغىشتۇرۇپ بولالمىغان بولۇپ، نۇرغۇن كەنت ئاھالىلىرى ئۆي جاھازلىرى سېتىۋېلىش بىلەن ئالدىراش ئىدى.

بىرنەچچە ئائىلىگە خالىغانچە كىرسەك، سافا، تېلېۋىزور ئىشكاپى، ساجى، كارىۋات «ئۆلچەملىك سەپلىمە» ئىدى، لېكىن پاسونى، رەڭگى بىر ـ بىرىنىڭكىگە ئوخشىمايتتى. كەنت ئاھالىلىرىگە قولايلىق يارىتىش ئۈچۈن يېزا مەخسۇس سودىگەرلەر بىلەن ئالاقىلىشىپ، مالنى ئىشىك ئالدىغىچە يەتكۈزۈپ، ئوخشاش بولمىغان پاسوندىكى ئۆي جاھازلىرىنى شەھەردىن توشۇپ كېلىپ، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ نەق مەيداندا تاللىشىغا سۇندى.

كەنت ئاھالىلىرىنىڭ يېڭى تۇرالغۇسىدا مۇخبىرلار ھەربىر ئائىلىدە ئۆلچەملىك ياتاققا ئوخشايدىغان بىر ئۆي بارلىقىنى بايقىدى. جيا سۈنپېڭ تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: بۇ، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ساياھەتچىلىك كەسپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىغا ياردەم بېرىدىغان پۇقراۋى قونالغۇ.

يېڭى مەكتەپتىكى بىر سىنىپتا، فۇجيەندىن كەلگەن لەن فاڭلياڭ باللارغا ئېلېكترونلۇق دوسكا ئارقىلىق دەرس ئۆتۈۋاتاتتى. ئۇنىڭغا ئوخشاش بۇ يەردە دەرس ئۆتىدىغانلاردىن يەنە گەنسۇ، خۇنەن، سىچۈەندىن كەلگەن ئوقۇتقۇچىلارمۇ بار.

مۇئاۋىن مەكتەپ مۇدىرى رەيھانگۈل مەمتىمىننىڭ چىرايىدىن بەخت كۈلكىسى جىلۋىلىنىپ تۇراتتى. كېرىيە ناھىيە بازىرىدىن كەلگەن بۇ قىز مەكتەپتە ئىشلەۋاتقىلى ئىككى يىل بولدى، ئېرى بىلەن يېزىدا تونۇشۇپ توي قىلغان بولۇپ، پات ئارىدا ئانا بولماقچى.

«بۇ يەرنىڭ سۈيىنىڭ سۈپىتى ياخشى، قىرتاق ئەمەس. شەھەرگە قايتىپ ئاتا ـ ئانامنى كۆرۈشمۇ قولايلاشقانلىقى مېنىڭ بەختىم.» سۆزلەپ بۇ يەرگە كەلگەندە ئۇ ناھايىتى ئۇنتۇلغۇسىز بىر ئىشنى سۆزلەپ بەردى: بۇلتۇر كۈزدە كۆچۈشتىن بۇرۇن، سىگنال مۇنارى بۇزۇلۇپ قالغانلىقتىن 15 كۈن سىگنال يوق ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن ئالاقىلىشالمىغان، ئايال ئوقۇتقۇچىلار تىت ـ تىت بولۇپ يىغلىشىپ كېتەتتى. قىزلارنىڭ يىغلاپ توختىمىغانلىقىنى كۆرۈپ بەزلەپ بولالمىغان پېشقەدەم مەكتەپ مۇدىرى تەمتىرەپ كەتكەن: «ئالدىرىماڭلار، ئالدىرىماڭلار، مەن ھازىرلا چىقىپ ئۆيۈڭلاردىكىلەرگە ئامان ـ ئېسەن ئىكەنلىكىڭلارنى يەتكۈزىمەن».

شۇ كۈنى پېشقەدەم مەكتەپ مۇدىرى بارلىق ئوقۇتقۇچىلارنىڭ سىن كۆرۈنۈشىنى ئېلىپ، بىر پىكاپ بىلەن 200 نەچچە كىلومېتىر يول يۈرۈپ ناھىيە بازىرىغا بېرىپ، ھەربىر ئوقۇتقۇچىنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرگە سىن كۆرۈنۈشىنى ئەۋەتىپ بەرگەن؛ ئەتىسى يەنە كېچىلەپ قايتىپ كېلىپ، ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ سىن كۆرۈنۈشىنى ئوقۇتقۇچىلارغا كۆرسەتكەندىن كېيىن، قىزلار كۆز يېشى قىلىپ كۈلۈشۈپ كەتكەن.

يېزىلىق شىپاخانىمۇ يېڭى ئورۇنلاشتۇرۇش نۇقتىسىدىكى باشقىچە مەنزىرە ئىدى. كېسەلخانا پاكىز، يورۇق بولۇپ، B چاۋ، شىندىيەنتۇ ئەسۋابى قاتارلىق ئۈسكۈنىلەر سەپلەنگەن.

«كونا شىپاخانىنىڭ شارائىتى ئاددىي بولۇپ، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ بېشى ئاغرىپ، قىزىپ قالسا دورا يېزىپ، ئوكۇل سېلىپلا قوياتتى، ئېغىرراق كېسەللەرنى ھېچقانداق قىلالمايتتى. كەنت ئاھالىلىرى تارقاق ئولتۇراقلاشقان بولغاچقا، بىر قېتىم سەييارە كېسەل كۆرۈشكە ئاز دېگەندە ئون كۈن ئەتراپىدا ۋاقىت كېتەتتى، تاڭ سۈزۈلگەندە يولغا چىقىپ، قاراڭغۇ چۈشكەندە ئاندىن يېتىپ بارغىلى بولاتتى.» بۇرۇنقىنى ئەسلىگەندە 13 يىل خىزمەت قىلغان شىپاخانا باشلىقى زەينەپخان سىدىق قاتتىق خۇرسەندى.

59 ياشلىق باقى روزىنىڭ يېڭى ئورۇنلاشتۇرۇش نۇقتىسىغا كۆچۈپ كەلگىنىگە بىر يىل بولدى. پۇتى ئاغرىغانلىقتىن ئۇ ئەتىگەندىلا شىپاخانىغا كەلدى، زەينەپخان تەكشۈرگەندىن كېيىن ئۇنىڭغا دورا يېزىپ بەردى ھەم دورا ئىشلىتىش ئۇسۇلىنى تەپسىلىي تاپىلىدى.

«بۇرۇن بەل ـ پۇتلىرىمىز ئاغرىسا، قوينىڭ قۇيرۇق يېغىنى كۆيدۈرۈپ، ئاغرىغان يەرگە سۈرۈپ، قايتا ـ قايتا ئۇۋۇلاپ بېرەتتۇق؛ زۇكام بولۇپ گېلىمىز ئاغرىپ قالسا، بىر چىنە ئىسسىق قوي گۆشى شورپىسى ئىچەتتۇق.» بىر يىل بۇرۇن، باقىمۇ كۆچۈش ئىشىدا ئىككىلىنىپ قالغانىدى، ھازىر ئۇ يېڭى مۇھىتقا پۈتۈنلەي كۆندى، «شىپاخانا يېنىمىزدىلا، كېسەل كۆرسىتىش، دورا ئېلىشنىڭ ھەممىسى قولايلىق».

### ■ بىپايان تەبىئەتكە قاراپ مېڭىش

زىيارەت داۋامىدا، مۇخبىرلار كەچۈرمىشلىرى ئوخشىمايدىغان بىرنەچچە ياشنى ئۇچراتتى، ئۇلار سىرتقا چىقىپ ئوقۇپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن، يېزىدا «باشلامچى بولۇپ ماڭغۇچىلار»دىن بولۇپ قالغان.

26 ياشلىق ئەخەتجان زىياۋۇدۇن ئۆزىنىڭ تۇنجى قېتىم كەنتتىن چىققاندىكى كەچۈرمىشنى ئەسلىسىلا، يۈرىكى جىغىلداپ كېتەتتى. «بەك قىينالدۇق! 2003 ـ يىلى مەن ئون ياشتا بولۇپ، 3 ـ يىللىقنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ناھىيە بازىرىغا بېرىپ ئوقۇشۇمغا توغرا كەلدى. شۇ كۈنى بىز نەچچە ئون ئوقۇغۇچى يۈك ئاپتوموبىلىغا ئولتۇرۇپ، ئون نەچچە سائەت يول يۈردۇق. ھەممەيلەن ئاپتوموبىلدىمۇ ياندۇردۇق، چۈشۈپمۇ ياندۇردۇق، مەن ياتاقىمدا ئىككى كۈن يېتىپ ئاران ئەسلىمگە كېلەلىدىم».

«بىزنىڭ ئۇ يەردە ھەربىر ئائىلىلىكنىڭ ئارىلىقى بەك يىراق، ئادەملەر يىرىم يېكىنمە ھالەتتە ياشايدۇ.» ئەخەتجان كۈلۈپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى: «ناھىيە بازىرىغا كېلىپ، مەن ئۆيلەرنىڭ ئارىلىقى نېمىشقا بۇنچىلىك يېقىن بولىدۇ دەپ غەلىتىلىك ھېس قىلىپ، خېلى ئۇزاقتا كۆندۈم».

ھازىر ئەخەتجان ئۈرۈمچىدە خىزمەت قىلىدىكەن. بۇ يىل ئاتا ـ ئانىسى ئورۇنلاشتۇرۇش نۇقتىسىغا كۆچۈپتۇ، ئۇ بۇ ئىككى كۈندە ئاتا ـ ئانىسىنى يوقلاش ئۈچۈن ئالاھىدە رۇخسەت سوراپ كەلگەن ئىكەن. «ئوقۇمىغان بولسام، قۇملۇقتىن چىقمىغان بولسام، ھازىرقى تۇرمۇشۇممۇ بولمايتتى» دېدى ئەخەتجان.

24 ياشلىق قۇربانخان مەتروزى بۇلتۇر شىنجاڭ مالىيە ـ ئىقتىساد داشۆسىنى پۈتتۈرگەن بولۇپ، يېزىدىكى بىرىنچى بولۇپ ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچى. ھازىر ئۇنىڭ سالاھىيىتى يېزا ساياھەتچى دېھقانلار كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپىنىڭ مەسئۇلى.

«يېڭى ئوقۇش پۈتتۈرگەندە، مەمۇرلۇق ئىمتىھانىغا تىزىملاتقانىدىم، بىراق تۆت نومۇر كەم قېلىپ ئۆتەلمىدىم.» قۇربانخاننىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ يېزىدىكى تۇنجى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى بولغاچقا، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ باللىرىغا تەربىيە بېرىشىدىكى ئۈلگە بولۇپ قالغان، شۇڭا ئەينى چاغدا بېسىم كۈچلۈك ئىدى. مۇشۇنداق چاغدا، يېزا رەھبىرى ئۇنى ئىزدەپ كېلىپ، ئۇنىڭغا ئىشەنچ تۇرغۇزۇش توغرىسىدا مەدەت بەرگەن ھەم ئۇنىڭ ساياھەت ھەمكارلىق كوپېراتىپى قۇرۇش مەسئۇلىيىتىنى باشلامچىلىق بىلەن زىممىسىگە ئېلىشىنى ئۈمىد قىلغان.

مۇشۇ ئىشەنچ بولغاچقا، قۇربانخان باتۇرلۇق بىلەن خىرىسنى قوبۇل قىلغان. ھازىر ساياھەت ھەمكارلىق كوپېراتىپى ۋۇشۇسكا ئېچىپ تىجارەت باشلاپتۇ.

بۇ يىل يېزىدىن سەككىز بالا ئالىي مەكتەپكە ئۆتتى، ھۆكۈمەتتىن شىنجاڭ سىرتىدا ئوقۇۋاتقان ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ھەربىرىگە ھەر يىلى 6000 يۈەندىن ياردەم پۇلى، شىنجاڭ ئىچىدىكى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ھەربىرىگە ھەر يىلى 3000 يۈەندىن ياردەم پۇلى بېرىدىغان بولدى. ھازىر يېزىدىكى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئومۇمىي سانى 32 ئادەمگە يەتتى.

زىيارەت قىلىش يولىدا، مۇخبىرلار مال بېقىۋاتقان كەنت ئاھالىسى بېيىشخان تۇردىنى ئۇچراتتى، سوراش ئارقىلىق، ئۇنىڭ بىر ئوغلىنىڭ فۇجيەندىكى بىر ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقانلىقىنى بىلدى.

«ئوغلۇم دائىم ماڭا ئىچكىرى رايونلارنىڭ ئەھۋاللىرىنى سۆزلەپ بېرىدۇ، مەن ياقتۇرۇپ ئاڭلايمەن.» بېيىشخان مۇنداق دېدى: «مەن دائىم ئوغلۇمغا پارتىيەنىڭ سىياسىتى بەك ياخشى بولۇپ كەتتى، بولمىسا سەن قۇملۇقتىن چىقالمايتتىڭ. جەزمەن ياخشى قابىلىيەتنى يېتىلدۈرۈپ، دۆلەتكە يارامىلىق ئادەم بولغىن دەيمەن».